# سلەردىن ئىلگىرىكى قەۋمدىن بىر كىشى ھېسابقا تارتىلغاندا ئۇنىڭ قىلغان ياخشىلىقىدىن ھېچ نەرسە تېپىلمىدى، پەقەت ئۇ كىشىلەر بىلەن ئېلىم بېرىم قىلغاندا كەڭ قورساق بولاتتى، خىزمەتچىلىرىنى قىيىنچىلىقى بار كىشىلەردىن قەرزنى كۆتۈرۈۋېتىشكە بۇيرۇيدىغان ئىدى. ئاللاھ تائالا: بىز ئۇنىڭدىن ياخشىلىق قىلىشقا ئەڭ ھەقلىق، ئۇنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈۋېتىڭلار، دېدى

ئەبۇ مەسئۇد ئەلبەدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلغان ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېدى: سىلەردىن ئىلگىرىكى قەۋمدىن بىر كىشى ھېسابقا تارتىلغاندا ئۇنىڭ قىلغان ياخشىلىقىدىن ھېچ نەرسە تېپىلمىدى، پەقەت ئۇ كىشىلەر بىلەن ئېلىم بېرىم قىلغاندا كەڭ قورساق بولاتتى، خىزمەتچىلىرىنى قىيىنچىلىقى بار كىشىلەردىن قەرزنى كۆتۈرۈۋېتىشكە بۇيرۇيدىغان ئىدى. ئاللاھ تائالا: بىز ئۇنىڭدىن ياخشىلىق قىلىشقا ئەڭ ھەقلىق، ئۇنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈۋېتىڭلار، دېدى
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

بىر كىشى ھېسابقا تارتىلغان» يەنى ئاللاھ تائالا ئۇنى دۇنيادا قىلغان ئىشلىرىدا ھېسابقا تارتتى. «سىلەردىن» ئىلگىرىكىلەر» يەنى ئىلگىرىكى ئۈممەتلەردىن «ئۇنىڭ ياخشىلىقىدىن ھېچ نەرسە تېپىلمىدى» يەنى ئاللاھ تائالاغا يېقىنلىششش ئۈچۈن قىلغان ياخشى ئەمەللىرىدىن ھېچ نەرسە تېپىلمىدى. «پەقەت ئۇ كىشىلەر بىلەن ئېلىم بېرىم قىلغاندا كەڭ قورساق بولاتتى» يەنى سودا-سېتىق، قەرز مۇئامىلىسى قىلاتتى، ئۇ كىشى پۇلدار ئىدى. «خىزمەتچىلىرىنى قىيىنچىلىقى بار كىشىلەردىن كۆتۈرۈۋېتىشكە بۇيرۇيدىغان ئىدى» يەنى قەرزدارلاردىن قەرزنى سۈيلىگەندە كەمبەغەل، قەرزنى قايتۇرۇشقا قادىر بولالمايدىغان، قىيىنچىلىقى بار كىشىلەردىن ياكى بىر قىسىم قەرزنى كۆتۈرۈۋېتىش ياكى پۇل تاپقاندا بېرىشكە مۆھلەت بېرەتتى. «ئاللاھ تائالا: بىز ئۇنىڭدىن ياخشىلىق قىلىشقا ئەڭ ھەقلىق» يەنى ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈەتتى. يەنى كىشىلەرگە قىلغان ياخشى مۇئامىلىسى، رەھىمدىللىكى، ئىشلىرىنى ئاسانلاشتۇرغىنىنىڭ بەدىلىگە ئاساسەن ئۇنى كەچۈرۈۋەتتى

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/3707

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee